# كىمكى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن سەمىمى سادىق بولىدىكەن، جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغان ئىشلىرىغا جازالانمايدۇ، كىمكى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن سەمىمى سادىق بولمايدىكەن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى خاتالىقلىرى ئۈچۈن جازالىنىدۇ»دېدى

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بىز جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغان ئەمەللىرىمىز بىلەن جازالىنىمىزمۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «كىمكى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن سەمىمى سادىق بولىدىكەن، جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغان ئىشلىرىغا جازالانمايدۇ، كىمكى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن سەمىمى سادىق بولمايدىكەن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى خاتالىقلىرى ئۈچۈن جازالىنىدۇ»دېدى.

[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان بولۇشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ بەردى. كىمكى مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلامى گۈزەل، سەمىمى سادىق بولسا جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغان خاتا ئىشلىرىغا جازالانمايدۇ. كىمكى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ناچار ئىشلارنى قىلىدىكەن، مۇناپىقلىق قىلىدىكەن ياكى دىندىن يېنىۋېلىپ مۇرتەد بولىدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرى كاپىر ۋاقتىدا قىلغان ۋە مۇسۇلمان بولغان ۋاقتىدا قىلغان ھەممە ئىشلىرىدىن ھېساب ئېلىنىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/65002